1) Bu ödevi geçen hafta yaptıydım.
2) Hüseyin, Ötkür'ün yanına gittiydi, ama Ötkür'ün işi vardı.
3) Kimse ona inanmadıydı.
4) Eskiden her şeye çok çabuk sinirlenirdim.
5) Kardeşim küçükken karanlıktan çok korkardı.
6) Geçen sene sigara içiyorudum, artık içmiyorum.
7) İsmail arkadaşları ile oyun oynamazdı.
8) Bu gece kardeşimi yolcu edeceğiz.
9) Artık bize gelmez oldun.
10) Müdürümüz saat dokuzda işe gelmemizi zorunlu kıldı.

⑤ئۇ ئۆيۈمدىن كەلگەن خەتنى كۆردى.

⑥ئۇكام ھەركۈنى سائەت ئالتىدە قوپىدۇ.

⑦غەيرەت تېكستنىڭ 1- ئابزاسىنى ئوقۇدى ۋە تەرجىمە قىلدى.

3- تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

تەڭ بۆلمەك

تەڭ ئىشلەتمەك

تەڭ كېلەلمەسلىك

تەڭ تۇرۇش

تەڭ بۆلۈش

ئاق – قارىنى ئايرىلاشتۇرماق

بۇغداي قوناقنى ئايرىلاشتۇرماق

كېسەلنى ساقايتماق

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①ئۇ تەتىلدىن پايدىلىنىپ، دوستلىرىغا كۈزگى بۇغداي تېرىيدىغان يېرىنى ئاغدۇرتۇۋالدى.



②مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس (ماقال).

③ئابدۇلنى بېقىپ چوڭ قىلغان بولساقمۇ، بىزنى زار قاقشىتىپ ئاغزى – بۇرنىمىزغىچە تويغۇزدى.

④روزا تۇتقانلار سەل بۇرۇنراق ئىشتىن چۈشسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئاغزى ئوچۇقلار ئانچە ئالدىرمىسا بولار.

⑤بىر گۇندىپاي باشلىقى ساخا قەغەز – قەلەم ئاچقىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

⑥بىز ئاغىنىدار چىلىقنى قانۇن ئورنىغا دەسسەتمىگەن بولساق، ئوغلىڭىز بۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

⑦دۈشمەن ئايروپىلانى يۇرتىمىزنى بومباردىمان قىلغىلى بەش كۈن بولدى.

⑧توي كۈنى قېرىلار بىر يەردە، ياشلار بىر يەردە بولىدۇ.

⑨بۇ يىل ھۆل – يېغىن نورمال يېغىپ، يىل ياخشى كەلگەنلىكىدىن مېۋە – چېۋىمۇ قالتىس بولدى.

⑩بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى تامامەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

مۇتەللىپ ماشىنىنى رېمونت قىلدۇرغىلى كەتتى.

سەن پويىز بېلىتى ئالدۇردۇڭمۇ؟

②«-اي، - ەي، -ار، - ە» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ت» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| زوراي + ت ← زورايت | ياشار + ت ← ياشارت |
| كۆپەي + ت ← كۆپەيت | كۆكەر + ت ← كۆكەرت |
| كۈچەي + ت ← كۈچەيت | ئۆزگەر + ت ← ئۆزگەرت |
| سۆزلە + ت ← سۆزلەت | ئوقۇ + ت ← ئوقۇت |

مەن كېسەل كۆرىمەن.

مەن كېسەل كۆرسىتىمەن.

ئۇ ماشىنا رېمونت قىلغىلى كەتتى.

ئۇ ماشىنا رېمونت قىلدۇرغىلى كەتتى.

رازى بولمىغان ئاش قوساق ئاغرىتار (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)



**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى «-غىلى» لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئاغدۇر - | يۈگۈر - | چۈش - |
| ئاغرا - | ماختا - | تىللا - |
| ئېچىش - | ھۇجۇم قىل - | چاقىر - |
| يوشۇر - | توي - | پايدىلان - |

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىدىكى جۈملىگە ئۆزگەرتىڭ.

① يىغىنىدا غېنى بىر ناخشا ئېيتتى.

②تۈنۈگۈن سۇ ئۈزگىلى بارمىدىم.

②تۈنۈگۈن سۇ ئۈزگىلى بارمىدىم.

③ئۇنىڭ ئۇكىسى سائەت توققۇز بولغاندا ئۇخلىدى.

④كىچىك بالا بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.